## 22833 ـ رامىزاندا ئۇنتۇغان هالدا بىر نەرسە يەپ سالسا روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ

### سۇئال

سوئال: رامىزاندا ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر

كىمىكى روزىدا ئۇنتۇقان هالدا يەپ ـ ئىچىپ سالسا روزىسىغا تەسىر يەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىردا مۇنداق دىگەن: پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنۇتساق ياكى خاتالاشساق( يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە، بۇ ئايەت ئوقۇلغاندا ئاللاھ تائالا مەن شۇنداق قىلىمەن دىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى ئۇنتۇپ قېلىپ بىرەر نەرسە يەپ قويغان ياكى ئىچىپ قويغان بولسا روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن، ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا يىمەك ۋە ئۇسسۇزلۇق بەرگەنلىكىدۇر.بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

شۇنىڭدەك ئۇنتۇپ قىلىپ رامىزاندا كۈندۈزدە ئايالى بىلەن بىرگە بولۇپ قالسىمۇ مۇشۇ ئايەتنىڭ ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكمى بويىچە ئالىملارنىڭ توغرا قارشىدا ئۇ كىشىنىڭ روزىسى دۇرۇس بولىدۇ، بۇنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمكى ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۆچۈن بۇ كۈننىڭ روزىسىنى قايتا تۇتۇش ۋە كاپارەت بېرىش يوق دىگەن، بۇ ھەدىسنى ھاكىم سەھىھ دىگەن. ھەدىستىكى" ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان بولسا" دىگەن سۆز روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئۇنتۇپ قىلغان ھەممە ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، بۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەھمەت، پەزلى ۋە ئىھسانىدىن ئىبارەت، بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا كۆپ ھەمدۇ ـ سەنا ۋە تەشەككۇرلەر ئېيتىمىز

شەيخ بىن بازنىڭ پەتىۋا توپلاملىرى4-توم 193-بەت

( ئەمما رامىزاندا ئىنسان روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئايالى بىرگە بولۇش كۆرەلمەيدىغان ياكى كۆرەلسىمۇ نىسبەتىنى ئىگەللىمەيدىغان ئەھۋالدۇر،چۈنكى ئەر ئۇنتۇسا ئايالى ئىسىگە سىلىشى ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىشى ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. ـ مۇھەررىر ـ)